# 43160 ـ كاپىرلاردىكى نەرسىدىن پايدىلىنىش

**سۇئال**

بىز قانداق قىلغىنىمىزدا ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن بىر ئىشقا يولۇقماستىن كاپىرلاردىكى نەرسىدىن پايدىلىنالايمىز ؟ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى [مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر ] دىگەن ئۇقۇم بۇ ماۋزۇنى دائىرسىگە كىرگۈزەمدۇ ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پېشىۋا[ شەيخ] مۇھەممەد ئۇسەيمىين ئوغلى [ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن ] مۇنداق دىگەن : ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ، كاپىرلارنىڭ ئىشلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ :

1– ئىبادەت ئىشلىرى

2– قائىدە ـ يۇسۇنلىرى

3– هۈنەر ـ سەنئەتلىرى

ئىبادەت ئىشلىرىغا كەلسەك ، ئۇ ھەممىگە ئايانكى ،ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىنى دوراشقا بولمايدۇ . كىمكى ئۇلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىنى دوراىدىكەن ، ئۆزىنى چوڭ خەتەرگە سالغان بولىدۇ ،شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كاپىرلىققا ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە باشلاپ بارىدۇ .

قائىدە ـ يۇسۇنلارغا كەلسەك ، مەسىلەن ، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلار، بۇ جەھەتتە ئۇلارنى دوراش هارام، چۈنكى پەيغەمبەر [ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ] مۇنداق دىگەن :بىر خەلقنى دورىغۇچى كىشى ـ شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

هۈنەر ـ سەنئەتلەرگە كەلسەك ، ئەگەر ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر بولسا ، ئۇلار قىلغان نەرسىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىزنىڭ ھىچقانداق خاتا يېرى يوق . بۇ ئۇلارنى دوراش دائىرسىگە كىرمەيدۇ ، بەلكى ئۇ پايدىلىق ئىشلاردىن بەھرىمان بولۇشنىڭ بىرى ھەمدە ئۇنى قىلغۇچى ئۇلارنى دورىغۇچى دەپ قارالمايدىغان ئىش.

ئەمما سۇئال سورىغۇچىنىڭ [ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى [مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر ] دىگەن ئۇقۇم بۇ ماۋزۇنى دائىرسىگە كىرگۈزەمدۇ ؟]

دىگەن سۇئالىغا كەلسەك ، بىز دەيمىزكى، ئومۇمى مەنپەئەت ئۇقۇمىنى مۇستەقىل دەلىل قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ ، بەلكى بىز دەيمىز ، ئەگەر بىز مەلۇم بىر ئىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ماۋزۇسى دائىرسىگە كىرىدۇ دەپ جەزىملەشتۈرسەك ،ئاندىن ئۇنىڭغا بىر شەرئىي دەلىل بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ شەرىئەتنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ

.

بىراق شەرىئەت بۇ ئىشنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئومۇمى مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرمەيدۇ ، گەرچە ئۇنى قىلغۇچى ئۇنى كىرىدۇ دىگەن تەقدىردىمۇ .

ئەگەر ئۇ بۇمۇ ئەمەس ، ئاۋۇمۇ ئەمەس بولسا ،ئۇنداقتا بىز ئاساسى پىرىنسىپقا مۇراجىئەت قىلىمىز . ئەگەر ئۇ ئىبادەت ئىشى بولسا ئۇنداقتا ئاساسى پىرىنسىپ ـ ئىبادەت ئىشى چەكلىنىدۇ ؛ ئەگەر ئۇلار ئىبادەت ئىشى بولمىسا ، ئۇنداقتا ئاساسى پىرىنسىپ ـ ئۇلار رۇخسەت . شۇنىڭ بىلەن ، شۇ ئىنىق بولدىكى ، ئومۇمى مەنپەئەت ئۇقۇمىنى مۇستەقىل دەلىل قىلىنمايدۇ .

ئۇسەيمىين ئوغلى [ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن] جورىمىلىرى[فەتىۋالىرى] توپلىمىدىن ئېلىندى [340] .